السنّة النبوية وعلومها
www.sunnah.global

# ئىلىمنىڭ كۆتۈرۈلۈپ كېتىشى، نادانلىقنىڭ كۆپ بولىشى، زىنانىڭ يامرىشى، ھاراق ئىچىدىغانلارنىڭ كۆپ بولىشى، ئەرلەرنىڭ سانى ئاز بولۇپ ئاياللار سانىنىڭ ھەددىدىن زىيادە كۆپ بولىشى ھەتتا ئەللىك ئاياللنىڭ ئىشىنى بىر ئەرنىڭ ئىدارە قىلىشى قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىدىندۇر

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەدىس بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: سىلەرگە مەن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامدىن ئاڭلىغان بىر ھەدىسنى سۆزلەپ بىرەي، ئۇ ھەدىسنى سىلەرگە مەندىن باشقا ھېچ كىم سۆزلەپ بېرەلمەيدۇ، مەن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم: «ئىلىمنىڭ كۆتۈرۈلۈپ كېتىشى، نادانلىقنىڭ كۆپ بولىشى، زىنانىڭ يامرىشى، ھاراق ئىچىدىغانلارنىڭ كۆپ بولىشى، ئەرلەرنىڭ سانى ئاز بولۇپ ئاياللار سانىنىڭ ھەددىدىن زىيادە كۆپ بولىشى ھەتتا ئەللىك ئاياللنىڭ ئىشىنى بىر ئەرنىڭ ئىدارە قىلىشى قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىدىندۇر».

[تېكىست توغرا] [بىرلىككە كەلگەن]

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام قىيامەتنىڭ يېقىنلاشقانلىق ئالامەتلىرىنى بايان قىلىپ، ئالىم-ئۆلىمالارنىڭ ۋاپات بولىشى بىلەن شەرئى ئىلىملەرنىڭ كۆتۈرلۈپ كېتىشى قىيامەتنىڭ يېقىنلاشقانلىقىنىڭ ئالامىتى دېدى. شۇنىڭ نەتىجىسىدە: جاھىللىق ۋە نادانلىق تارقىلىپ ئەتراپنى قاپلايدۇ، زىنا-پاھىشە ئەۋج ئالىدۇ، ھاراق ئىچىدىغانلار كۆپ بولىدۇ، ئەرلەرنىڭ سانى ئازلاپ ئاياللارنىڭ سانى كۆپىيىدۇ، ھەتتا ئەللىك ئاياللنىڭ ئىشىنى ئىدارە قىلىش، ھالىدىن خەۋەر ئېلىش بىر ئەرگە يۈكلىنىدۇ.

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/65021

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee